﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾

اللّٰه ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر

# سەۋر

مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇللاھ

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾

**الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر**

# سەۋر

مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇللاھ

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين نبينا محمد وآله وصحبه أجمعين.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

الله تعالى نىڭ رازىلىقى ۋە بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن ، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب جامائەتمىزدىكى قېرىنداشلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇشبۇ تەرجىمىنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما الله نىڭ كىتابىغا ، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى كەلگەن ھەرقانداق بىر نەرسىدىن بىز ئادا - جۇدامىز.

توغرا قىلغان بولساق الله تعالى نىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن ، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىي نەسىھەت قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

ئاخىرىدا ، بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن ، كۈچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ ياردىمى ، مەغفىرىتى ۋە ئېھسانىنى تىلەيمىز ، شۇنداقلا بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقىرىش جەريانىدا تەرجىمە - تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا خالىس ياردەم قىلىپ كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

الله تعالى بۇ كىچىككىنە ئەمەلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن ، ئامىن!

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................................ 3
سەۋرنى تونۇشتۇرۇش ........................................................ 5
سەۋرنىڭ دەرىجىلىرى........................................................ 6
سەۋرنىڭ ھۆكمى .............................................................. 8
سەۋرنىڭ تۈرلىرى.............................................................. 11
سەۋر قىلىدىغان ۋاقىت ...................................................... 12
سەۋرنىڭ ماھىيىتى............................................................ 13
سەۋرنىڭ نەتىجىلىرى ........................................................ 17
سەۋرنىڭ ساھەلىرى .......................................................... 32
سەۋرگە ياردەم بەرگۈچى سەۋەبلەر ...................................... 43
سەۋرگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار ................................ 60
خاتىمە ............................................................................. 62

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالاملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان مۇھەممەد ﷺ گە ، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك ، الله تعالى سەۋرنى يېقىلمايدىغان ئارغىماق ئات ، گال بولمايدىغان ئۆتكۈر قىلىچ ، مەغلۇپ بولمايدىغان قۇدرەتلىك قوشۇن ، ئۆرۈلمەيدىغان مۇستەھكەم قورغان ۋە مىڭگەن كىشى يولدىن ئازمايدىغان ئېسىل ئۇلاغ قىلدى. سەۋر بىلەن غەلىبە - نۇسرەت بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. سەۋرنىڭ غەلىبە - نۇسرەتتىكى ئورنى باشنىڭ بەدەندىكى ئورنىغا ئوخشاش بولۇپ ، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تېپىش ۋە ئۇتۇق قازىنىشنىڭ يولىدۇر.

سەۋر — غەلىبە - نۇسرەت كېچىككەندە مۇجاھىدلارنىڭ ، كىشىلەر دەۋەتكە قۇلاق سالمىغاندا دەۋەتچىلەرنىڭ ۋە ئىلىم غېرىبلاشقاندا ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئوزۇقىدۇر. جۈملىدىن ، سەۋر چوڭ - كىچىك ، ئەر - ئايال بارچە ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقى بولۇپ ، كىشىلەر سەۋر بىلەن ھەقتە مۇستەھكەم تۇرىدۇ ۋە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

ئۇنداقتا سەۋر دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟ سەۋر ئارقىلىق نېمىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ سەۋرگە يېتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ؟ سەۋرگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار قايسىلار ؟

بىز بۇ رىسالىدە سەۋر ھەققىدە ئىزدىنىمىز ۋە الله تعالى دىن بۇ ئىزدىنىشىمىزگە ياردەم بېرىشنى سورايمىز. الله تعالى دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

# سەۋرنى تونۇشتۇرۇش

## «سەۋر» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ھەققىدە

«سەۋر»نىڭ لۇغەت مەنىسى «توختاش» دېگەنلىك بولۇپ، الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن».[1] يەنى ئۆزۈڭنى ئۇلار بىلەن بىرگە توختاتقىن.

الله تعالى نىڭ خەۋەر بەرگىنىدەك، بەنى ئىسرائىل مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿لَن نَّصْبِرَ عَلَىٰ طَعَامٍ وَاحِدٍ﴾ «بىز بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز».[2] يەنى بىز ئۆزىمىزنى بىر خىللا تائام ئۈستىدە توختىتىشقا ھەرگىزمۇ تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز.

## «سەۋر» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلا مەنىسى ھەققىدە

«سەۋر»نىڭ ئىستىلا مەنىسى، ياخشى كۆرىدىغان ۋە قىزىقىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى توختىتىش، الله تعالى ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى توختىتىش ياكى الله تعالى چەكلىگەن ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى توختىتىش دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇسىبەتكە سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ «سابىرلار» دەپ ئاتىلىشىدىكى

[1] سۈرە كەھف 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 61- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەۋەب ، ئۇلار سەۋر قىلالماسلىقتىن ئۆزىنى توختىتالىشى ئۈچۈندۇر.

رامىزان ئېيىنىڭ «سەۋر ئېيى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب ، بۇ ئايدا مۇسۇلمانلار تائام يېيىش ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىش ۋە شەھۋەتلەردىن ئۆزلىرىنى توختىتىدۇ.

# سەۋرنىڭ دەرىجىلىرى

سەۋرنىڭ بىر قانچە دەرىجىسى بولۇپ ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى بەزىلىرىدىن ئارتۇقتۇر.

ئاللاھ قا ئىتائەت قىلىشتىكى سەۋر گۇناھ - مەئسىيەتتىن ئۆزىنى تارتىشتىكى سەۋردىن دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى ۋاجىبنى قىلىش ئاللاھ نىڭ ھۇزۇرىدا ھارام قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىشتىن دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈندۇر.

گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى توختىتىشتىكى سەۋر دەرد - ئەلەملىك تەقدىرگە سەۋر قىلىشتىكى سەۋردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى ۋاجىبقا ۋە ھارامنى تەرك ئېتىشكە سەۋر قىلىش بەندىنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىشتۇر. ئەمما مۇسىبەت بەندىگە بەندىنىڭ ئىختىيارلىقسىز كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، مۇسىبەتكە سەۋر قىلىشتىكى سەۋر ئاللاھ قا ئىتائەت قىلىشتىكى ۋە گۇناھتىن ئۆزىنى توختىتىشتىكى سەۋردىن دەرىجە جەھەتتە تۆۋەن تۇرىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىبنى تەيمىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: <يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزىزنىڭ ئايالىغا بويسۇنۇشتىن ئۆزىنى توختاتقاندىكى

سەۋرى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەندە، سېتىۋەتكەندە ۋە ئۇنى دادىسىدىن ئايرىۋەتكەندە قىلغان سەۋرىدىن مۇكەممەلدۇر. چۈنكى قېرىنداشلىرىدىن كەلگەن مۇسىبەتنىڭ يۈز بېرىش ياكى يۈز بەرمەسلىكى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىختىيارلىقىدا ئەمەس ئىدى. بەندىگە ئىختىيارلىق بېرىلمىگەن ئىشتا سەۋر قىلىشتىن باشقا چارە يوق.

ئەمما يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتتىن ئۆزىنى توختىتىشتىكى سەۋرى ئىختىيارىي قىلغان ۋە نەپسىگە جەڭ ئېلان قىلغان سەۋردۇر. بولۇپمۇ سەۋر قىلالماسلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان سەۋەبلەر تېپىلغان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ياش يىگىت ئىدى، ياشلارنىڭ شەھۋەتكە بولغان ئىنتىلىشى كۈچلۈك بولىدۇ؛ ئۆيلەنمىگەن ئىدى، ئۆيلەنمىگەن كىشى ئۈچۈن ئۇ ئىش (چاقىرغان ئايالغا ماقۇل بولۇش)نىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدىغان ۋە شەھۋىتىنى قاندۇرىدىغان باشقا ئىش يوق؛ مۇساپىر ئىدى، مۇساپىر كىشى ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى كىشىلەردىن ئۆز يۇرتىدىكى ھەمراھلىرىدىن، تونۇشلىرىدىن ۋە ئائىلىسىدىكىلەردىن ھايا قىلغاندەك ھايا قىلمايدۇ؛ قۇل ئىدى، قۇللارغا بولغان چەكلىمە ھۆرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەس؛ ئۇ ئايال چىرايلىق، مەنسەپدار ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ خوجايىنى ئىدى، شۇڭا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان نازارەتچى بولمايتتى؛ ئۇ ئايال يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە چاقىرغان ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامغا بەك قىزىققان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئايال تەلىپىنى ئورۇندىمىسا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى تۈرمىگە تاشلاش ۋە خارلاش بىلەن قورقۇتقان ئىدى. شۇنچە كۆپ سەۋەبلەر بار ئەھۋالدىمۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سەۋر قىلدى. ئاللە نىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇكاپاتلارنى ئەلا بىلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يەردە قىلغان

سەۋرى بىلەن قۇدۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلغان سەۋرنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟!

ئىتائەتتىكى سەۋر ھارام ئىشلاردىن ئۆزنى توختىتىشتىكى سەۋردىن مۇكەممەل ۋە ئەۋزەلدۇر. چۈنكى الله تعالى ئىنساننىڭ گۇناھ - مەئسىيەتنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە قارىغاندا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە گۇناھ - مەئسىيەتتىن كېلىپ چىققان بۇزۇقچىلىققا قارىغاندا ئىتائەت قىلماسلىقتىن كېلىپ چىققان بۇزۇقچىلىقنى بەكرەك يامان كۆرىدۇ>». [1]

# سەۋرنىڭ ھۆكمى

الله تعالى كىشىلەرنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ﴾ «سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (الله تىن) ياردەم تىلەڭلار». [2] الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىدامىلىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك

---

[1] «مدارج الساكين» 2- توم 106-، 107- بەتلەر.

[2] سۈرە بەقەرە 45- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلماڭلار)».[1]

الله تائالا كىشىلەرنى سەۋرسىزلىكتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُوا الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِل لَّهُمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن».[2]

الله تائالا مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇچىلارغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلاَ تُوَلُّوهُمُ الأَدْبَارَ﴾ «ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار)».[3] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا﴾ «(جىهادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار».[4]

ۋاجىب، مۇستەھەب، مەكرۇھ، ھارام ۋە مۇباھتىن ئىبارەت بەش تەكلىپ قىلىنغان ھۆكۈم سەۋرنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

الله تائالا نىڭ تۆۋەندىكى سۆزى سەۋرنىڭ بەزىدە ۋاجىب بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُواْ بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُم بِهِ وَلَئِن صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِّلصَّابِرينَ﴾ «ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى

[1] سۈرە ئال ئىمران 200- ئايەت.
[2] سۈرە ئەھقاف 35- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنفال 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران 139- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر» .[1] زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زۇلۇم قىلغۇچىدىن باراۋەر ھالەتتە قىساس ئېلىشى دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن قىساس ئالماي سەۋر قىلىشى قىساس ئالغىنىدىن ياخشىدۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەت سەۋر قىلىش مۇستەھەب بولىدىغان ئەھۋاللارنىڭمۇ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر سەۋر قىلىش ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋاجىب بولىدىغان بولسا، يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئەھۋالدىمۇ ۋاجىب بولغان بولاتتى.

ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ۋاجىب ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش ۋاجىب، سەۋر قىلماسلىق ھارام؛ ھارام ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش ۋاجىب، سەۋر قىلماسلىق ھارام؛ مۇستەھەب ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش مۇستەھەب، سەۋر قىلماسلىق مەكرۇھ؛ مەكرۇھ ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش مۇستەھەب، سەۋر قىلماسلىق مەكرۇھ؛ مۇباھ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش مۇباھ».[2]

ۋاجىب بولغان سەۋر: بامدات نامىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش ۋاجىب؛ زىنا قىلماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش ۋاجىب؛ مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا ئاۋازىنى يۇقىرى قىلىپ يىغلىماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش

---

[1] سۈرە نەھل 126- ئايەت.

[2] «عدة الصابرين وذخيرة الشاكرين» 23- بەت.

ۋاجىب.

مۇستەھەب بولغان سەۋر: كېچىدە قىيامدا تۇرۇش ئۈچۈن سەۋر قىلىش مۇستەھەب؛ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچمەسلىك ئۈچۈن سەۋر قىلىش مۇستەھەب.

مەكرۇھ بولغان سەۋر: مۇستەھەب ئىشنى قىلماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش مەكرۇھ؛ مەكرۇھ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش مەكرۇھ.

ھارام بولغان سەۋر: ھارام ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن چىداپ سەۋر قىلىش ھارام. يەنى بىر ئادەم ئۆز ئەھلىگە يامانلىقنى مەقسەت قىلغان كىشىگە قارشى تۇرۇشقا قادىر تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرماي سەۋر قىلىشى ھارام.

مۇباھ بولغان سەۋر: مۇباھ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ياكى مۇباھ ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش مۇباھ.

# سەۋرنىڭ تۈرلىرى

**سەۋر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:** بىرى، جىسمانىي جەھەتتىكى سەۋر، يەنە بىرى نەپسىي جەھەتتىكى سەۋردۇر. ئۇلار ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي ھالەتلەردە بولىدۇ.

جىسمانىي ۋە نەپسىي جەھەتتىكى سەۋرنىڭ ئىختىيارىيلىقى ۋە مەجبۇرىيلىقى تۆت تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى، جىسمانىي جەھەتتىكى ئىختىيارىي سەۋر. يەنى مۇشەققەتلىك ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن ئىختىيارىي سەۋر قىلىشقا

ئوخشاش ؛

ئىككىنچى، جىسمانىي جەھەتتىكى مەجبۇرىي سەۋر. يەنى ئۇرۇشنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلىشقا ئوخشاش، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا سەۋر قىلىشتىن باشقا چارە يوق ؛

ئۈچىنچى، نەپسىي جەھەتتىكى ئىختىيارىي سەۋر. يەنى مۇنكا ئاگلاشتىن نەپسىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىختىيارىي سەۋر قىلىشقا ئوخشاش ؛

تۆتىنچى، نەپسىي جەھەتتىكى مەجبۇرىي سەۋر. يەنى نەپسگە ياقىدىغان نەرسىلەردىن مەھرۇم قالغاندا قىلىدىغان سەۋرگە ئوخشاش.

ھايۋانلار مەجبۇرىي بولغان ئىككى تۈرلۈك سەۋردە ئىنسانلارغا ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئىختىيارى بولغان ئىككى تۈرلۈك سەۋردە ھايۋانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

## سەۋر قىلىدىغان ۋاقىت

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ قەبرىنىڭ بېشىدا يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «الله تىن قورقىن ۋە سەۋر قىلغىن!» دېدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ﷺ نى تونۇماي :«مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ماڭا كەلگەن مۇسىبەت ساڭا كەلمىدى» دېدى. — پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايال بىلەن بۇ خىل ھالەتتە گەپ تالىشىشنى خالىمىدى. — (پەيغەمبەر ﷺ كەتكەندىن كېيىن،) ئۇ ئايالغا ئۇ كىشىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ ئىكەنلىكى ئېيتىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا (ئادەتتە پادىشاھلارنىڭ

ئوردىلىرىنىڭ ئالدىدا بولىدىغان) قاراۋۇللىرىنىمۇ ئۇچراتماستىن (پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىرىپ): «ئى الله نىڭ رەسۇلى! مەن سېنى تونۇيالماپتىمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتتى. پەيغەمبەر ﷺ: «سەۋر دېگەن مۇسىبەتنىڭ بېشىدا بولۇشى كېرەك» دېدى.[1]

ئىمام قۇرتۇبىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «نەپسگە ئېغىر كېلىدىغان ۋە كاتتا ساۋابقا لايىق بولىغان سەۋر بولسا، مۇسىبەت ئىنسانغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىۋاتقان ۋە مۇسىبەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرى يوقالمىغان ۋاقىتتىكى سەۋردۇر. بۇ ۋاقىتتا سەۋر قىلىش قەلبنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ۋە سەۋردە مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇسىبەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرى پەسلىگەن ۋاقىتتا ھەممە ئادەم سەۋر قىلالايدۇ. خۇددى بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش: ‹ئەخمەقلار ئۈچ كۈندىن كېيىن قىلىدىغان سەۋرنى ئەقىللىق كىشىلەر مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قىلىشى زۆرۈردۇر›».[2]

# سەۋرنىڭ ماھىيىتى

## الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش

سەۋرنىڭ تۈرلىرى قاتارىدىكى ئەڭ مۇھىمى ۋە ئىنسان نەپسگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشتۇر. الله تعالى ئۆز كىتابىنىڭ بىر قانچە ئورۇنلىرىدا كىشىلەرنى الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ﴾

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] «تفسير القرطبي» 2- توم 174- بەت.

«ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، الله نىڭ ئىبادىتىگە چىدامىلىق بولغىن». [1]

ئايەتتىكى «إصطبر» دېگەن سۆز «إصبر» دېگەن سۆزدىن مۇكەممەل ۋە مۇۋاپىق. چۈنكى قۇرۇلمىدىكى ئۇستۇنلۇك مەزمۇندىكى ئۇستۇنلۇكنى بىلدۈرىدۇ. الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن». [2] يەنى نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ۋە ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇش ئۈچۈن چىدامچان بولغىن.

## ئىتائەت يولىدىكى سەۋر ئۈچ خىل ھالەتتە بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى، ئىتائەت قىلىشتىن ئىلگىرى بولىدۇ. ئۇ نىيەتنى توغرىلاش ۋە رىيانى يوق قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ؛

ئىككىنچى، ئىتائەت قىلىش جەريانىدا بولىدۇ. ئۇ ئىتائەت قىلىشتا الله تىن غاپىل قالماسلىق، ئۇنى ئادا قىلىشتا ھورۇنلۇق قىلماسلىق ۋە پەرز، ۋاجىبلارغا رىئايە قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن سەۋر قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ؛

ئۈچىنچى، ئىتائەت قىلىشتىن كېيىن بولىدۇ. ئۇ ئىتائەت قىلغانلىقنى ئاشكارىلىماسلىق، ئىتائەت قىلغانلىقىغا ئەجەبلەنمەسلىك ۋە ئىتائەت قىلغانلىقىغا مىننەت قىلماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

---

[1] سۈرە مەريەم 65- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تاھا 132- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ﴾ «بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار».[1]

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُبْطِلُوا أَعْمَالَكُمْ﴾ «ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار».[2]

## گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تاشلاش ئۈچۈن سەۋر قىلىش

بۇمۇ ئىتائەت يولىدىكى سەۋرگە ئوخشاش ئۈچ خىل ھالەتتە بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تاشلاشتىن ئىلگىرى نىيەتنى توغرىلاش ئارقىلىق گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى قىلىشتىن توختاش ئۈچۈن سەۋر قىلىش؛

ئىككىنچى، گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى تاشلاش جەريانىدا گۇناھ - مەئسىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش؛

ئۈچىنچى، گۇناھ - مەئسىيەتلەرگە چاقىرغۇچى سەۋەبلەر يوقالغاندىن كېيىن، بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىغا ئەجەبلەنمەسلىك ئۈچۈن سەۋر قىلىش.

## مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «گۈزەل سەۋر دېگەن، قايغۇرۇش

[1] سۈرە بەقەرە 264- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇھەممەد 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولمىغان سەۋردۇر». [1]

بىر قىسىم ئاياللاردا يۈز بېرىدىغان يۈزلىرىگە كاچاتلاش ، ياقىلىرىنى يىرتىش ، باشلىرىغا ئۇرۇش ، قاتتىق يىغلاش ۋە جاھىلىيەتنىڭ داۋالىرىغا چاقىرىش قاتارلىقلار سەۋرگە قارشى ئىشلاردۇر.

ئەمما ئىنساننىڭ داۋالىنىش ئۈچۈن كېسىلىنى دوختۇرغا خەۋەر قىلىشى ، شۇنىڭدەك كېسەلنىڭ يىغلىشى ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش مەقسىتىدە دەرد - ئەلەم تۆكۈشى مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىشقا قارشى كەلمەيدۇ.

سۇفيان سەۋرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سەۋرنىڭ قاتارىدىن بولغان ئۈچ ئىش: ئاغرىقنى سۆزلىمەسلىك ، مۇسىبەتنى سۆزلىمەسلىك ۋە ئۆزىنى ئاقلىماسلىق». [2] بۇ سۆزدە مەقسەت قىلىنغىنى ، ئاغرىقنى ۋە مۇسىبەتنى نارازى بولۇش شەكلى بىلەن سۆزلىمەسلىك دېگەنلىكتۇر. ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ مۇسىبەتنى سۆزلەش ، مەسىلەن ، كېسىلى ئۈچۈن باشقىلاردىن داۋالاش ئۇسۇلىنى سوراش ، قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولىنى سوراش قاتارلىقلار نارازى بولۇش قاتارىدىكى ئىشلار قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. ئىنسان بۇ ئىشلار بىلەن سەۋر قىلغۇچىلىق سۈپىتىدىن ئايرىلىپ قالمايدۇ.

سەۋرنى دەۋا قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەۋر قىلغۇچى بولمايدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر تاشقى كۆرۈنۈشتە مۇسىبەتكە سەۋر قىلغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن كۆڭلىدە ئازابلىنىدۇ.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 2- توم 619- بەت.

[2] «تفسير الطبري» 7- توم 160- بەت.

# سەۋرنىڭ نەتىجىلىرى

سەۋر مۇئمىنلەرگە ياخشىلىق ۋە نىجاتلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ھەمدە كۆپ نەتىجىلەرگە، مەنپەئەتلەرگە ۋە كاتتا پايدىلارغا ئېرىشتۈرىدىغان ۋاستىدۇر.

كۆرۈنمەيدۇ جاپالار يا تاپمەن بىر ئارمان،
بويسۇندۇ ئارزۇلار سابىر بولغانغا ھامان.[1]

الله نىڭ پەيغەمبىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا قاراڭ! تۈرمىگە تاشلانغاندا سەۋر قىلغان ئىدى، نەتىجىدە ئۇ سەۋر يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى پادىشاھ قىلدى.

سەۋر قىلدى قىسقىلا، ياتقىنىدا تۈرمىدە،
نەتىجىدە شاھ بولۇپ، ياشاپ ئۆتتى ئۆمرىدە.[2]

ئىمام غەززالىي مۇنداق دەيدۇ: «الله تعالى سەۋر قىلغۇچىلارنى نۇرغۇنلىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى ۋە قۇرئان - كەرىمدە سەۋرنى يەتمىش نەچچە ئورۇندا تىلغا ئالدى، دەرىجە ۋە ياخشىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنى سەۋرگە قوشۇپ بايان قىلدى ۋە ئۇلارنى سەۋرنىڭ نەتىجىسى قىلدى».[3]

بىز تۆۋەندە سىزگە سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان

---

[1] «روح المعاني» 4- توم 176- بەت.

[2] «تاريخ بغداد» 13- توم 479- بەت.

[3] «إحياء علوم الدين» 4- توم 61- بەت.

نەتىجىلەرنى بايان قىلىپ بېرىمىز.

**مۇۋەپپەقىيەت سەۋرنىڭ نەتىجىسىدۇر.** قۇرئان كەرىم سەۋر بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاپ بايان قىلغان بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتنى سەۋرنىڭ نەتىجىسى قاتارىدا تىلغا ئالدى. الله تعالى بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! تائەت - ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)».① يەنى بۇ ئايەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنى شەرت قىلدى.

**سەۋر زىيان تارتماسلىقنىڭ سەۋەبىدۇر.** الله تعالى ئۆزىگە ئىشەنگەن، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە سەۋرچان بولغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَصْرِ ۞ إِنَّ الْإِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ ۞ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «زامان بىلەن قەسەمكى [1]، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر - بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر [2 - 3]».②

**سەۋر قىلغۇچىغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر بېرىلىدۇ.** سەۋر بىلەن

① سۈرە ئال ئىمران 200- ئايەت.

② سۈرە ئەسر 1- ئايەتتىن 3- ئايەتكىچە.

ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىرنىڭ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلاَّ الَّذِينَ صَبَرُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ أُوْلَئِكَ لَهُم مَّغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ كَبِيرٌ﴾ «پەقەت (بالاغا ئۇچرىغاندا) سەۋرى قىلغان، (نېمەتكە يولۇققاندا) ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر(ياخشىلاردۇر). ئۇلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار(ئاخىرەتتە) چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ».[1]

**سەۋر جەننەتنىڭ يولىدۇر.** پەيغەمبەر ﷺ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قېلىپ سەۋر قىلغان كىشىگە جەننەت بىلەن خۇش بشارەت بەردى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن مۇبادا بەندەمنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئايرىۋېتىپ سىنىسام، ئۇ بۇنىڭغا سەۋر قىلسا، ئۇ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن›».[2]

مۇئمىن كىشىنىڭ زېمىن ئەھلىدىن ياخشى كۆرگەن ئادىمى ۋاپات بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئەجىر ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەت بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق دېگەن: «الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ‹ئەگەر مەن مۇئمىن بەندەمنىڭ دۇنيادىكى ياخشى كۆرگەن بىرەر ئادىمىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاندىن ئۇ مەندىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلسا، ئۇنى پەقەت جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايمەن›».[3]

---

[1] سۈرە ھۇد 11- ئايەت.

[2] بۇخارى راۋايىتى.

[3] بۇخارى رىۋايىتى.

تۇتقاقلىق كېسىلى بار بىر ئايالغا پەيغەمبەر ﷺ كېسىلى ئۈچۈن سەۋر قىلسا جەننەت بارلىقى بىلەن خۇش بىشارەت بەردى. ئەتا ئىبنى ئەبۇ راباھ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: «ساڭا جەننەت ئەھلىدىن بولغان ئايالنى كۆرستىپ قويايمۇ؟» دېدى. مەن: «ھەئە، شۇنداق قىلغىن» دېدىم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ئاۋۇ قارا تەنلىك ئايال شۇ. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹مېنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىم بار، بەزىدە يىقىلىپ چۈشمەن ۋە بەدەنلىرىم ئېچىلىپ قالىدۇ. مەن ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلساڭ› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئەگەر خالىساڭ سەۋر قىلغىن، ساڭا جەننەت بار. ئەگەر خالىساڭ الله قا دۇئا قىلىمەن، ساقىيىپ قالىسەن› دېدى. ئۇ ئايال: ‹ئۇنداق بولسا سەۋر قىلاي. لېكىن كېسىلىم تۇتقاندا بەدەنلىرىمنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلساڭ› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ دۇئا قىلدى».[1]

الله تعالى مۇئمىنلەرگە خىتاپ قىلىپ، جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى سىناق ۋە ئىمتىھانلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ سىناق ۋە ئىمتىھانلارغا سەۋر قىلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ﴾ «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا،

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

كۆلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر: <الله نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟> دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر».[1]

ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى بىر نىدا قىلغۇچى: «سەۋر ئەھلى ئورنىدىن تۇرسۇن» دەپ نىدا قىلىدۇ. ئاندىن كىشىلەر ئارىسىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۇلارغا: «جەننەتكە كىرىڭلار» دېيىلىدۇ. ئۇلارغا پەرىشتىلەر ئۇچراپ: «سىلەر كىم؟» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز سەۋر ئەھلىلىرى» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «سىلەر نېمىگە سەۋر قىلغان؟» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ۋە الله قا ئاسىي بولۇشتىن نەپسىمىزنى توختىتىش ئۈچۈن سەۋر قىلغان» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «جەننەتكە كىرىڭلار. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى!» دەيدۇ.[2]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئورالغان، دوزاخ ھاۋايى - ھەۋەسلەر بىلەن ئورالغان».[3]

**جاپالىق ئىشلارغا سەۋر قىلماي تۇرۇپ، جەننەتكە قانداق كىرىسىز؟ ھاۋايى - ھەۋەستىن نەپسىڭىزنى توختىتىش ئۈچۈن سەۋر قىلماي تۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى دوزاختىن قانداق ساقلاپ قالىسىز؟**

يۇقىرىقى ھەدىس جەننەت يولىنىڭ پەقەت جاپا - مۇشەققەتلەرنى

[1] سۈرە بەقەرە 214- ئايەت.

[2] «حلية الأولياء» 3- توم 139-، 140- بەتلەر.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بىسىپ ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈنكى «حفت»نىڭ مەنىسى «ھەممە تەرەپتىن ئورالغان» دېگەنلىكتۇر. شۇڭا جاپا - مۇشەققەتلىك ئىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزمىگىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىز. جەننەتكە كىرىش پەقەت جاپا - مۇشەققەتلىك ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. جاپا - مۇشەققەتلىك ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش پەقەت سەۋر قىلىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. دوزاخ ھاۋايى - ھەۋەسلەر بىلەن قورشالغان بولۇپ، دوزاختىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش پەقەت گۇناھ - مەئسىيەتتىن نەپسىنى توختىتىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

**پەرىشتىلەر جەننەتتە سەۋر قىلغۇچىلارغا سالام بېرىدۇ.** الله تعالى جەننەتتە پەرىشتىلەرنىڭ سەۋر قىلغۇچىلارغا سالام بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَلَامٌ عَلَيْكُمْ بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ﴾ «(پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) <سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!> دەيدۇ».[1]

**ھەمدە ئۆيى.** بەندە بالىسىنىڭ ۋاپاتىغا سەۋر قىلسا، الله تعالى ئۇ بەندىگە مۇكاپات ئۈچۈن جەننەتتە «ھەمدە ئۆيى» دەپ ئاتالغان بىر ئۆينى بېرىدۇ. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر بەندىنىڭ بالىسى ۋاپات بولسا، الله پەرىشتىلىرىگە: <بەدەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟> دەيدۇ. پەرىشتىلەر: <شۇنداق> دېيىشىدۇ. الله يەنە: <بەندەمنىڭ يۈرەك پارىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟> دەيدۇ. پەرىشتىلەر: <شۇنداق>

[1] سۈرە رەئد 24- ئايەت.

دېيىشىدۇ. الله: ‹بەندەم نېمە دېدى؟› دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ‹ئۇ ساڭا ھەمدە ئېيتتى ۋە: "بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دېگەن دۇئانى ئوقۇدى› دېيىشىدۇ. الله: ‹ئۇنداق بولسا بەندەمگە جەننەتتىن بىر ئۆي سېلىڭلار ۋە ئۇ ئۆينى "ھەمدە ئۆيى" دەپ ئاتاڭلار› دەيدۇ».[1]

**ئەجرى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.** الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ مَنْ يَتَّقِ وَيَصْبِرْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋر قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ».[2]

**ساۋاب ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.** الله تعالى قارۇن سەۋەبلىك پىتنىگە تاشلانغان قەۋملەرگە ئۇلارنىڭ ئازغۇنلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان ئەھلى ئىلىملەر توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَيْلَكُمْ ثَوَابُ اللَّهِ خَيْرٌ لِمَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا وَلَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الصَّابِرُونَ﴾ «ئىلىملىك كىشىلەر: ‹ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە الله نىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ› دېدى».[3]

**سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى ھەسسىلىنىدۇ.** الله تعالى سەۋر قىلغۇچىلارغا ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق

[1] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] سۈرە يۇسۇف 90- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە قەسەس 80- ئايەت.

دەيدۇ: ﴿أُولَئِكَ يُؤْتَوْنَ أَجْرَهُمْ مَرَّتَيْنِ بِمَا صَبَرُوا﴾ «ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر - تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ».[1]

**باشقا ئەمەللەرگە بېرىلىدىغان ئەجىر چەكلىك، لېكىن سەۋر ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئەجىر چەكسىزدۇر.** الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ».[2]

سۇلايمان ئىبنى قاسىم مۇنداق دېگەن: «سەۋردىن باشقا ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ساۋابىنى بىلگىلى بولىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ ‹پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ›.[3] يەنى (ئۇلارنىڭ ئەجرى) خۇددى تۆكۈلۈپ تۇرغان سۇغا ئوخشايدۇ».[4]

ئەۋزائى مۇنداق دېگەن: «ئۇلارغا (ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرىدا) تارتىپ بېرىلمەيدۇ ياكى ئۆلچەپ بېرىلمەيدۇ، بەلكى ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ بېرىلىدۇ».[5]

**دىندا پېشۋالاردىن بولىدۇ.** الله تعالى دىندىكى پېشۋالاردىن بولۇشنىڭ شەرتىنى سەۋر ۋە شەكسىز ئىشىنىش قىلدى. الله تعالى مۇنداق

[1] سۈرە قەسەس 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زۇمەر 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە زۇمەر 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] «ذم الهوى» 60- بەت.
[5] «تفسير ابن كثير» 4- توم 63- بەت.

دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار (كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسەتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق».[1]

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سەۋر بىلەن شەكسىز ئىشىنىش بىر كىشىدە جەملەنسە، ئۇ كىشى دىندا پېشۋا بولىدۇ».[2]

**الله تعالى سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.** الله تعالى ئۆزىنىڭ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر».[3]

**سەۋر قىلغۇچىلار ياردەمگە ئېرىشىدۇ.** الله تعالى سەۋرنى ياردەم ۋە تەييارلىق قىلدى ھەمدە كىشىلەرنى سەۋر بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ﴾ «سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (الله تىن) ياردەم تىلەڭلار».[4] سەۋرسىز كىشىگە الله نىڭ ياردىمى كەلمەيدۇ.

**غەلىبە - نۇسرەت كېلىدۇ.** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، ھەقىقەتەن سەن ياقتۇرمايدىغان نەرسىگە سەۋر قىلىش نۇرغۇن

[1] سۈرە سەجدە 24- ئايەت.

[2] «مجموع الفتاوى» 3- توم 358- بەت.

[3] سۈرە بەقەرە 153- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە بەقەرە 45- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشىلىقنى كەلتۈرىدۇ. ھەقىقەتەن غەلىبە - نۇسرەت سەۋر بىلەن بىرگىدۇر». ①

ساھابىلەر سەۋر قىلغان ۋە تەقۋادار بولغان ۋاقىتتا الله تعالى پەرىشتىلەر بىلەن ئۇلارغا ياردەم بەرگەن ئىدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلَى إِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا وَيَأْتُوكُمْ مِنْ فَوْرِهِمْ هَذَا يُمْدِدْكُمْ رَبُّكُمْ بِخَمْسَةِ آلَافٍ مِنَ الْمَلَائِكَةِ مُسَوِّمِينَ﴾ «شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار، (الله تىن) قورقۇپ (ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار)، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ». ②

بەنى ئىسرائىلنىڭ پىرئەۋن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۆزلىرىگە يەتكەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقى ئىدى. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَوْرَثْنَا الْقَوْمَ الَّذِينَ كَانُوا يُسْتَضْعَفُونَ مَشَارِقَ الْأَرْضِ وَمَغَارِبَهَا الَّتِي بَارَكْنَا فِيهَا وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ الْحُسْنَى عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ بِمَا صَبَرُوا وَدَمَّرْنَا مَا كَانَ يَصْنَعُ فِرْعَوْنُ وَقَوْمُهُ وَمَا كَانُوا يَعْرِشُونَ﴾ «بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى)نى ۋە

① ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.
② سۈرە ئال ئىمران 125- ئايەت.

ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى)نى ۋەيران قىلدۇق».[1]
ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سەۋر قىلىشنىڭ مەنبەسى ئىرادىلىك بولۇش، نەتىجىسى غەلىبە - نۇسرەتتۇر».[2]

**دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ئامان بولىدۇ.** الله تعالى سەۋر بىلەن تەقۋادارلىقنى دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەست ۋە ھىيلە - مىكىرلىرىدىن ساقلايدىغان مۇستەھكەم قالقان قىلدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ تُصِبْكُمْ سَيِّئَةٌ يَفْرَحُوا بِهَا وَإِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا لَا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئًا﴾ «ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا الله تىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».[3]

**الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە ھىدايىتى كېلىدۇ.** الله تعالى سەۋر قىلغۇچىلارغا باشقىلارغا بەرمىگەن ئۈچ نەرسىنى بېرىدۇ. ئۇ ئۈچ نەرسە الله تعالى تەرىپىدىن كەلگەن مەغپىرەت، رەھمەت ۋە ھىدايەتتۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ ۞ الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ ۞ أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ ۞﴾ «(بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان -

---

[1] سۈرە ئەئراف 137- ئايەت.
[2] «تاريخ دمشق» 51- توم 408- بەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 120- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن [155]. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: ‹بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز› دەيدۇ [156]. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر [157]».[1]

**الله تعالى نىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ.** الله تعالى ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە سەۋرنى شەرت قىلدى ۋە ئۇ مۇھەببەتنى سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن قىلدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ﴾ «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۆلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ».[2]

**الله تعالى نىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.** ئەييۇب ئەلەيھىسسالام سەۋر قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تعالى نىڭ ئەڭ ياخشى ماختاشلىرىغا سازاۋەر بولدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا وَجَدْنَاهُ صَابِرًا نِعْمَ الْعَبْدُ إِنَّهُ أَوَّابٌ﴾ «بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (الله قا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر».[3]

[1] سۈرە بەقەرە 155- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 156-، 157- ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئال ئىمران 146- ئايەت.
[3] سۈرە ساد 44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**سەۋر جۇلالىنىپ تۇرغان نۇردۇر.** ئەبۇ مالىك ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دىگەن: «ناماز ئىنسانغا نۇر بېغىشلايدۇ. سەدىقە بېرىش ئىنساننىڭ ئىمانىنىڭ پاكتى، سەۋر جۇلالىنىپ تۇرغان نۇردۇر، قۇرئان سېنىڭ پايداڭغا ياكى زىيىنىڭغا ھۆججەتتۇر».[1]

**ئايەتلەردىن مەنپەئەتلىنىدۇ.** اللّٰه تعالى ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىدىن پەقەت كۆپ سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مُوسَى بِآيَاتِنَا أَنْ أَخْرِجْ قَوْمَكَ مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ وَذَكِّرْهُمْ بِأَيَّامِ اللَّهِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ﴾ «بىز مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ھەقىقەتەن (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، (ئۇنىڭغا دېدۇقكى): ‹قەۋمىڭنى قاراڭغۇلۇقتىن (يەنى كۇفرىدىن) يورۇقلۇققا (يەنى ئىمانغا) چىقارغىن، ئۇلارغا اللّٰه نىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەتكىن›. بۇنىڭدا (بالاغا) سەۋر قىلغۇچى، (نېمەتكە) شۈكۈر قىلغۇچى ھەربىر (بەندە) ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار».[2] اللّٰه تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ الْفُلْكَ تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِنِعْمَتِ اللَّهِ لِيُرِيَكُمْ مِنْ آيَاتِهِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ﴾ «كۆرمەمسەنكى، كېمىلەرنىڭ اللّٰه نىڭ مەرھەمىتى بىلەن دېڭىزدا يۈرۈشى اللّٰه نىڭ سىلەرگە (ئۆز قۇدرىتىنىڭ) بىر قىسىم دەلىللىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدا ھەربىر سەۋر قىلغۇچى، شۈكۈر قىلغۇچى (بەندە ئۈچۈن ھەقىقەتەن)

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.

② سۈرە ئىبراھىم 5- ئايەت.

(چوڭ) ئىبرەت بار». [1] الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَجَعَلْنَاهُمْ أَحَادِيثَ وَمَزَّقْنَاهُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ﴾ «ئۇلارنى بىز (كېيىنكى كىشىلەرگە) چۆچەك قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى تىرىپىرسەن قىلىۋەتتۇق، بۇنىڭغا ھەر بىر (بالاغا) سەۋر قىلغۇچى، (نېمەتكە) شۈكۈر قىلغۇچى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار». [2]

الله تعالى بەندىلىرىگە ئېھسان قىلغان نېمەتلەرنى تىلغا ئالدى ۋە ئۇ نېمەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى يۆتكەيدىغان كېمىنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى. ئۇ نېمەتلەرنى سەۋر قىلغۇچىلارغا مەنپەئەتلىك قىلدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ الْجَوَارِ فِي الْبَحْرِ كَالْأَعْلَامِ ۞ إِنْ يَشَأْ يُسْكِنِ الرِّيحَ فَيَظْلَلْنَ رَوَاكِدَ عَلَى ظَهْرِهِ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِكُلِّ صَبَّارٍ شَكُورٍ﴾ «دېڭىزدا قاتنىغۇچى تاغدەك كېمىلەر الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىندۇر [32]. ئەگەر الله خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ - دە، كېمىلەر دېڭىزنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ، بۇنىڭدا (قاتنىقلىقتا) سەۋر قىلغۇچى، (كەڭچىلىكتە) شۈكۈر قىلغۇچى ھەر مۇئمىن ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار[33]». [3]

يۇقىرىدىكى تۆت ئورۇندىكى ئايەتلەر قۇرئان ئايەتلىرىدىن پەقەت سەۋر ۋە شۈكۈر ئەھلىنىڭ مەنپەئەتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەقسەتلەرگە يەتكۈزىدۇ ۋە ھاجەتلەرنى قاندۇرىدۇ.**

---

[1] سۈرە لوقمان 31- ئايەت.

[2] سۈرە سەبەئ 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە شۇئرا 32- ،33- ئايەتلەر.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ:

ھەرگىز ئۈمىد ئۈزمىگىن ئۇزۇن ۋاقىت كەتسىمۇ ،
غەلبە يېقىن يېتىشكە ، سەۋر بىلەن سورىساڭ.
ھاجەتلىرى قاندۇ سابىر بولغان كىشىنىڭ ،
بىر كۈن ئىشىك ئېچىلار چېكىشتە گەر ھارمىساڭ.[①]

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ:

نىيەت قىلغان ئىشىغا تىرىشقانلار كۆپ ئەمەس ،
تاپار ئۇتۇق كىم بولسا سەۋر بىلەن ھەمنەپەس.[②]

**الله تعالى سەۋر قىلغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ.** ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا الله نىڭ بۇيرىغىنى بويىچە: ‹بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز›[③] ۋە ‹ئى الله ، ماڭا يەتكەن مۇسىبەتتە ماڭا ئەجىر بەر ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرگىن!› دېگەن دۇئانى ئوقۇسا ، الله ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بېرىدۇ». ئۇممۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: ئېرىم ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولغان ۋاقىتتا ، مەن: «قايسى مۇسۇلمان ئەبۇ سەلەمەدىن ياخشى؟ ئۇ ، الله نىڭ ئەلچىسىگە ھىجرەت قىلغان تۇنجى ئائىلىلىك تۇرسا؟» دېدىم. ئاندىن يۇقىرىقى دۇئانى قىلدىم. الله ماڭا (ئەبۇ سەلەمەنىڭ

---

① «ديوان الحماسة» 2- توم 33- ۋە 34- بەتلەر.

② «المستطرف» 2- توم 125- بەت.

③ سۈرە بەقەرە 156- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئورنىغا) پەيغەمبەر ﷺ نى بەردى».①

**سەۋر دۇنيادا ئەزىز بولۇشنىڭ يولىدۇر.** ھەقىقەتەن سەۋر بەندىنى دۇنيادا ئەزىز قىلىدۇ. چۈنكى سەۋر قىلغۇچىلار باشقىلارغا بېشىنى ئەگمەيدۇ ۋە باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىنى تاما قىلمايدۇ.

يەرمۇك ئۇرۇشىدا، ئەبۇ ئەئۋەر سۇلەمى مۇنداق دەپ نىدا قىلغان ئىدى: «ئى قۇرەيشلەر جامائەسى، سىلەر سەۋر ۋە ئەجىردىن بولغان نېسىۋەڭلارنى ئېلىڭلار. ھەقىقەتەن سەۋر دۇنيادا ئەزىزلىك ۋە ھۆرمەتتۇر، ئاخىرەتتە رەھمەت ۋە پەزىلەتتۇر. مۇشەققەتلەرگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار!».②

سۇلەيم ئىبنى ئەلمۇھاجىر ئەلجىيلى مۇنداق دېگەن:

گۈزەللىكدىن سەۋرنىڭ يېپىۋالغاچ يۈزۈمنى،

ئۇلۇغ رەببىم ساقلىدى قاباھەتتىن ئۆزۈمنى.③

# سەۋرنىڭ ساھەلىرى

سەۋر ئاساسلىقى ئۈچ ساھەدە يۈز بېرىدۇ. يەنى الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش، الله قا ئاسىي بولۇشتىن توختاش ئۈچۈن سەۋر قىلىش ۋە الله نىڭ قازا - قەدەرىگە سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت. بىز بۇ ئۈچ ساھەنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئۇلارنى باشقا - باشقا ساھەلەرگە

① مۇسلىم رىۋايىتى.

② «تاريخ دمشق» 46- توم 56- بەت.

③ «المستطرف» 1- توم 159- بەت.

بۇلۇش ئۈچۈن ئىزدەنسەك، سەۋرنىڭ ساھەلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. بىز بۇ يەردە ئىنسانىنىڭ بېشىدىن كۆپ ئۆتىدىغان، بولۇپمۇ ئىنسانغا نىسبەتەن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغان ساھەلەر ھەققىدە توختىلىمىز.

**بىرىنچى، دۇنيانىڭ ئىمتىھان ۋە سىناقلىرىغا سەۋر قىلىش.** دۇنيانىڭ ئەسلىي تەبىئىتى مۇشەققەت ۋە مۇسىبەتلەرگە تولغان بولىدۇ. دۇنيادا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ پەقەت بەخت - سائادەت ۋە ئازادە تۇرمۇش ئىچىدىلا ياشاپ ئۆتۈشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئەكسىچە، دۇنيادا ياشىغان كىشى ھەر دائىم جاپا مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِي كَبَدٍ﴾ «بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە قىلىپ ياراتتۇق».[1] يەنى ئىنسان ھاياتى جاپا - مۇشەققەت ۋە ئىمتىھان - سىناقلار ئىچىدە بولىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِنَ الْأَمْوَالِ وَالْأَنْفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ﴾ «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان- زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن».[2]

**ئىككىنچى، نەپسى ياقتۇرغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى توختىتىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش.** الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا

[1] سۈرە بەلەد 4- ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 155- ئايەت.

تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى الله نىڭ زىكرىدىن (يەنى الله نىڭ تائەت - ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر».①

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولساقمۇ سەۋر قىلغان ئىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن راھەت - پاراغەت بىلەن سىنالدۇق ۋە سەۋر قىلالمىدۇق».②

مەسىلەن، بەزى كىشىلەر تۈرمىگە تاشلىنىپ ئىمتىھان قىلىنغان ۋاقتىتا سەۋر قىلىدۇ، لېكىن مال - دۇنيا ۋە باللىرى كۆپىيىپ، ئازادىچىلىك بىلەن ئىمتىھان قىلىنسا سەۋر قىلالمايدۇ. ھەممە كىشىلەر سەۋر قىلىشتا ئوخشاش ئەمەس. ئۇلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئىمتىھان - سىناقلارغا مۇئمىن ۋە كاپىر ئوخشاشلا سەۋر قىلالايدۇ، ئەمما راھەت - پاراغەتكە پەقەت راستچىل مۇئمىنلا سەۋر قىلالايدۇ».③

نەپسى ياقتۇرغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى توختىتىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان سەۋر تۆۋەندىكى تۆت خىل يول ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىشى كېرەك:

1. كۆڭۈل ياقتۇرغان نەرسىلەرگە مايىل بولماسلىق ۋە ئۇلارغا

---

① سۈرە مۇنافىقۇن 9- ئايەت.

② تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەنەدى ھەسەن» دېگەن.

③ «تسلية أهل المصائب» ناملىق كىتاب 185- بەت.

ئالدانماسلىق ؛

2. كۆڭۈل ياقتۇرغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشكە بېرىلىپ كەتمەسلىك ۋە ۋاقتىنى پەقەت سەپەر ۋە يىغىلىشلار ئۈچۈنلا سەرپ قىلىۋېتىپ، نامازغا ياكى الله نى ئەسلەشكە ۋاقتى چىقمايدىغان بىر قىسىم مال ئىگىلىرىگە ئوخشاش، كۆڭۈل ياقتۇرىدىغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ؛

بەزى كىشىلەر خىزمىتىگە بەك بېرىلىپ كېتىپ، ئىبادەت ۋە شەرئىي ۋاجىباتلارنى زايە قىلىۋېتىدۇ. شۇنداقلا، خىزمەتنى باھانە قىلىپ ھارام ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ خىزمىتى ئۇنىڭ بارچە نەرسىسىگە ئايلىنىدۇ. خۇددى ئىنگلىز مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە دېيىلگىنىدەك، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ئىبادەت قىلىدۇ. ئىنگلىز مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەنگلىيەدىكى كىشىلەر ھەپتىدە ئالتە كۈن مەركىزى بانكىغا ئىبادەت قىلىپ، يەتتىنچى كۈنى چىركاۋغا يۈزلىنىدۇ».

3. كۆڭۈل ياقتۇرغان نەرسىلەردىكى الله نىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش. يەنى زاكات، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ھەقلىرى ۋە سەدىقىگە ئوخشاش ؛

4. كۆڭۈل ياقتۇرغان نەرسىلەرنى ھارام يوللارغا ئىشلەتمەسلىك.

**ئۈچىنچى، باشقىلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تاما قىلماسلىق ھەمدە باشقىلارغا نېمەت قىلىپ بېرىلگەن مال - دۇنيا ۋە بالىلارغا ئالدانماسلىق سەۋرىنىڭ قاتارىدىندۇر.** الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ وَرِزْقُ

رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَى﴾ «بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ - زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر».[1] يەنى ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن ئۇ نېمەتلەرنى بەردۇق.

قارۇننىڭ قەۋمىدىكى بەزى كىشىلەر قولىنىڭ قىسقا (يەنى كەمبەغەل) بولۇپ قالغانلىقىغا سەۋر قىلالمىدى. الله تعالى ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا لَيْتَ لَنَا مِثْلَ مَا أُوتِيَ قَارُونُ إِنَّهُ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٍ﴾ «كاشكى بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ، ئۇ ھەقىقەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن».[2]

الله تعالى بەزى كىشىلەرگە مال - دۇنيا ۋە بالىلارنىڭ رىزىق قىلىپ بېرىلىشى ئۇلارنى ئاستا - ئاستا تۇتۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَيَحْسَبُونَ أَنَّمَا نُمِدُّهُمْ بِهِ مِنْ مَالٍ وَبَنِينَ ۞ نُسَارِعُ لَهُمْ فِي الْخَيْرَاتِ بَلْ لَا يَشْعُرُونَ﴾ «(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال - مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ».[3]

**تۆتىنچى، كىشىلەرنى الله تعالى نىڭ دىنىغا چاقىرىدىغان دەۋەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلىش سەۋرنىڭ ساھەلىرىدىكى مۇھىم ئىشتۇر.** بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ دىندىن يىراقلاپ كەتكەنلىكى

[1] سۈرە تاھا 131- ئايەت.
[2] سۈرە قەسەس 79- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مۇئمىنۇن 55-، 56- ئايەتلەر.

دەۋەتچىلەرگە مەخپىي ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالدا كۆچلۈك دەۋەت، گۇناھ - مەئسىيەتنى ئىنكار قىلىش ۋە ھەقنى جاراڭلىق ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم بولىدۇ. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھىمەھۇللاھ گىرەلەشكەن خۇراپاتلارنى ئۆزگەرتىشتىكى چوڭ مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا مۇنداق دېگەن: «مەن پەقەت الله نىڭ ئۆزى ياردەم بېرىدىغان بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىمەن. بۇ ئىشنى قىلىش يولىدا چوڭلار تۈگەپ، كىچىكلەر چوڭ بولغان، ئەجەملەر پاساھەتلەشكەن، ئەئرابىيلار ھىجرەت قىلغان، ھەتتا كىشىلەر ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ھەق دەپ بىلمەيدىغان بولغان ئىدى».[1]

نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋەت يولىدىكى بارلىق ئىمتىھانلارغا 950 يىل قاتتىق سەۋر قىلدى. الله تعالى نۇھ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ رَبِّ إِنِّي دَعَوْتُ قَوْمِي لَيْلًا وَنَهَارًا ۞ فَلَمْ يَزِدْهُمْ دُعَائِي إِلَّا فِرَارًا ۞﴾ «نۇھ ئېيتتى: ‹پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىنى كېچە - كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم [5]. مېنىڭ دەۋىتىم ئۇلارنى تېخىمۇ قاچۇرۇۋەتتى› [6]».[2]

دەۋەتنىڭ مۇشەققەتلىرى دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىگە ئۇچراش قاتارلىق سىرتقى تەرەپتىكى مۇشەققەتلەرنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ بەزى قېرىنداشلارنىڭ ھەسەت ۋە قارشىلىق قىلىشى قاتارلىق ئىچكى تەرەپتىكى مۇشەققەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَتُبْلَوُنَّ فِي أَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ وَمِنَ الَّذِينَ أَشْرَكُوا أَذًى كَثِيرًا وَإِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا فَإِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ

---

[1] «الاعتصام للشاطبي» 1- توم 13- بەت.
[2] سۈرە نۇھ 5-، 6- ئايەتلەر.

الْأُمُورِ﴾ « سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا الله تىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر».[1] الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَاهْجُرْهُمْ هَجْرًا جَمِيلًا﴾ «ئۇلارنىڭ (يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) (سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن».[2]

ئۇلار (دەۋەتچىلەر ياكى پەيغەمبەرلەر) ئۆز قەۋملىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَصْبِرَنَّ عَلَى مَا آذَيْتُمُونَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُتَوَكِّلُونَ﴾ «بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىڭلارغا ئەلۋەتتە سەۋر قىلىمىز، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار پەقەت الله قا تەۋەككۈل قىلسۇن».[3] الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِنْ قَبْلِكَ فَصَبَرُوا عَلَى مَا كُذِّبُوا وَأُوذُوا حَتَّى أَتَاهُمْ نَصْرُنَا﴾ «سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى. ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە

[1] سۈرە ئال ئىمران 186- ئايەت.
[2] سۈرە مۇززەممىل 10- ئايەت.
[3] سۈرە ئىبراھىم 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەۋر قىلدى ، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى».[1]

شۇنىڭدەك ، دەۋەتچىلەر يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا ، مۇشەققەتلىك داۋانلىرىغا ۋە غەلىبە - نۇسرەتنىڭ كېچىكىشلىرىگە سەۋر قىلىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ﴾ «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر ؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا ، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى ، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: <الله نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ ؟> دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى ، الله نىڭ ياردىمى ھەققەتەن يېقىندۇر».[2]

شۇڭا دەۋەتچىلەر غەلىبە - نۇسرەتنىڭ شەكسىز كېلىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّى إِذَا اسْتَيْئَسَ الرُّسُلُ وَظَنُّوا أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُوا جَاءَهُمْ نَصْرُنَا فَنُجِّيَ مَنْ نَشَاءُ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ الْقَوْمِ الْمُجْرِمِينَ﴾ «ھەتتا پەيغەمبەرلەر(قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزم قىلغان چاغدا ، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى ، بىز خالىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇق ، بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن

[1] سۈرە ئەنئام 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 214- ئايەت.

قايتۇرۇلمايدۇ».[1]

ھەقتە مۇستەھكەم تۇرغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان ھەرقانداق كىشى ئەزىيەت تارتىدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشى ئۈچۈن سەۋر قىلىش، الله تىن ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە الله تەرەپكە قايتىشتىن باشقا ئامال بولمايدۇ.

**بەشىنچى، دۈشمەنگە ئۇچرىشىپ، ئىككى سەپ گىرەلەشكەن ۋاقىتتا سەۋر قىلىش.** بۇنداق ۋاقىتلاردا سەۋر قىلىش غەلىبە - نۇسرەتنىڭ شەرتى. قېچىش چوڭ گۇناھ بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تعالى بۇنداق ۋاقىتلاردا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ۋاجىب قىلدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا﴾ «(مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار».[2]

الله تعالى جەڭ قىزىغان ۋە ئەھدىلەر يېشىلگەن ۋاقىتتا قېچىشتىن ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتىكى سەۋر ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟».[3] الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ

---

[1] سۈرە يۇسۇف 110- ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال 45- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئال ئىمران 142- ئايەت.

خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللَّهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللَّهُ الشَّاكِرِينَ﴾ «**مۇھەممەد** پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللهقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ».[1]

الله تعالى تالۇتنىڭ قىسسىسىدە ئىزچىل تاللاش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن قېلىپ قالغان مۇئمىن جامائەت توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا فَصَلَ طَالُوتُ بِالْجُنُودِ قَالَ إِنَّ اللَّهَ مُبْتَلِيكُمْ بِنَهَرٍ فَمَنْ شَرِبَ مِنْهُ فَلَيْسَ مِنِّي وَمَنْ لَمْ يَطْعَمْهُ فَإِنَّهُ مِنِّي إِلَّا مَنِ اغْتَرَفَ غُرْفَةً بِيَدِهِ فَشَرِبُوا مِنْهُ إِلَّا قَلِيلًا مِنْهُمْ فَلَمَّا جَاوَزَهُ هُوَ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ قَالُوا لَا طَاقَةَ لَنَا الْيَوْمَ بِجَالُوتَ وَجُنُودِهِ قَالَ الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُمْ مُلَاقُو اللَّهِ كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن (بەيتۇلمۇقەددەستىن) ئايرىلغان چاغدا: ‹الله سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)› دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا

[1] سۈرە ئال ئىمران 144- ئايەت.

ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەنلىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى): ‹بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز› دېدى. (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) اللە قا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: ‹اللە نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ› دېدى. اللە چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر». [1] ئۇلاردىن بىر بۆلىكى سۇدىن ئىچىپ تالۇتقا ئاسىي بولدى. سۇ ئىچمىگەنلەرنىڭمۇ بەزىسى بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، بەزىسى بويسۇنمىدى. نەتىجىدە، سەۋر قىلغان جامائەت ئۇرۇش قىلدى ۋە غەلىبە قىلدى.

**ئالتىنچى، ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدىكى جاپا - مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىش سەۋرنىڭ مۇھىم ساھەلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.** ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ئېغىر مۇشەققەتلەر بار بولۇپ، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى سەۋر بىلەن قوراللانمىسا مەنزىلىگە يېتەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿إِنَّكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا ۞ وَكَيْفَ تَصْبِرُ عَلَى مَا لَمْ تُحِطْ بِهِ خُبْرًا﴾ «سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن [67]. سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن (يەنى قارىماققا يامان، ئەمما ماھىيىتىنى سەن چۈشەنمىگەن) ئىشقا قانداقمۇ سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟ [68]». [2] مۇسا ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿قَالَ سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللَّهُ

[1] سۈرە بەقەرە 249- ئايەت.

[2] سۈرە كەھف 67- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 68- ئايەت.

صَابِرًا وَلَا أَعْصِي لَكَ أَمْرًا﴾ «مۇسا ئېيتتى: ‹الله خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرسەن، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن›».[1]

ئالدىراپ ئوتتۇرىغا چىقماسلىق ۋە ئۆلىمالار سەۋىيىسىگە يېتىشتىن ئىلگىرى پەتىۋا بەرمەسلىك ئۈچۈن سەۋر قىلىشمۇ ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدىكى سەۋرلەردىندۇر.

ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرى ھەققىدە قىلغان سەۋرىمۇ بۇ سەۋرنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ. يەنى ئۇستاز شاگىرتلىرىغا ئىلىم ئۆگىتىش، مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش، دەرسلەرنى يادلىغان ياكى يادلىمىغانلىقىنى سوراشتە قىلىش قاتارلىق مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ.

# سەۋرگە ياردەم بەرگۈچى سەۋەبلەر

**سەۋر الله تەرىپىدىن بىۋاستە بېرىلىدىغان ھەدىيىمۇ ياكى ئىنسان ئۆزى تەدرىجىي يېتىلدۈرىدىغان ئەخلاقمۇ؟**

كۆپىنچە كىشىلەر مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا ئازابلىنىدۇ ۋە نەسىھەت قىلىنسا: «الله تعالى مۇسىبىتىمگە قارىتا سەۋرنى رىزىق قىلىپ بەرمىدى» دەيدۇ. ھەتتا ئىبادەتكە بۇيرۇلسا، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە سەۋر بېرىلمىگەنلىكىنى باھانە قىلىشىدۇ. يەنى بۇ خىلدىكى كىشىلەر سەۋرنى «ئىنسان ئۆزى يېتىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. پەقەت الله تعالى تەرىپىدىن ئىنسانغا بىۋاستە بېرىلىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ.

ئەگەر سەۋر الله تەرىپىدىن بىۋاستە بېرىلىدىغان ھەدىيە بولسا

---

[1] سۈرە كەھف 69- ئايەت.

ئىدى ، سەۋرگە بۇيرۇلغان ئايەتلەردىكى ھۆكۈملەرنى ئورۇنداشتىن ئاجىز كەلگەن بولاتتۇق. لېكىن بىز ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن سەۋرنى ئىنساننىڭ ئۆزى يېتىلدۈرۈش ئىمكانىيىتى بولغان بىر تۈرلۈك ئەخلاق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى سەۋر تەلەپ قىلسا ، الله ئۇنى سەۋرچان قىلىدۇ».[1]

ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى بەزىلىرىدىن سەۋرچانلىقتا ۋە چىدامچانلىقتا ئۈستۈن قىلىپ يارىتىلغان.

سەۋر قەلبىي ئەمەل بولۇپ ، كىشىلەر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كۆپ چېنىقىش بىلەن بىرگە سەۋرگە ياردەم بېرىدىغان سەۋەبلەرنى مۇستەھكەم تۇتۇپ ، الله تىن ياردەم تىلەش ئارقىلىق سەۋرگە ئېرىشىدۇ.

## سەۋرگە ياردەم بېرىدىغان سەۋەبلەر قايسىلار ؟

**بىرىنچى ، دۇنيا ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ھاياتلىقنىڭ مۇشەققەت - ئېغىرچىلىقلار بىلەن تولغانلىقىنى چۈشىنىش.** الله تعالى ئىنساننى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ياراتتى. شۇڭا ئىنسان رەببىگە ئۇچراشقانغا قەدەر مۇشەققەت تارتىدۇ. دەرد - ئەلەم ، ئىمتىھان - سىناق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر بۇ دۇنيانىڭ تەبىئىيتىدۇر. بۇ دۇنيانىڭ ئىمتىھان - سىناقسىز ۋە جاپا - مۇشەققەتسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

[1] بۇخارى رىۋايىتى. بۇھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «الله سەۋر قىلغان كىشىگە شۇ كىشىنىڭ نەپسىدىن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەپسى ئۇ كىشىگە بويسۇنىدۇ».

ئەبۇ ھەسەن تىھامىي مۇنداق دېگەن:

ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى جەبرى - جاپا ، ھالبۇكى ،
ئارزۇلايسەن ھاياتتا مۇشەققەتسىز بولۇشنى.
تەبىئەتنىڭ ئەكسىدە تەلەپ قىلغان ھەر كىشى ،
گويا تەلەپ قىلغۇچى سۇدا ئوتنىڭ چوغىنى.[1]

بۇ ھەقىقەتلەرنى تونۇمىغان كىشى يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى ئۇشتۇمتۇت ھېس قىلىدۇ. ئەمما ھاياتىي دۇنيانىڭ تەبىئىتىنى تونۇغان كىشى ئىمتىھان ۋە سىناق كەلگەندە ، ئۇنى ئاسانلاشتۇرىدىغان نەرسىنى ، يەنى سەۋرنى تاپىدۇ.

**ئىككىنچى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ الله نىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.** ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكى بولغانلىقى ئۈچۈن ، الله خالىغان كىشىگە رىزىق قىلىپ بېرىدۇ ، خالىغان كىشىگە بەرمەيدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا بِكُمْ مِنْ نِعْمَةٍ فَمِنَ اللَّهِ﴾ «سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى الله بەرگەن».[2] شۇڭا ئىنسان بىرەر نەرسىسىدىن مەھرۇم قېلىپ ئىمتىھان قىلىنغان ۋاقتىتا ، «إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ» دېيىشى لازىم. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ «ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ، ئۇلار: ‹بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ

[1] «تاريخ دمشق» 43- توم 223- بەت.
[2] سۈرە نەھل 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەندىلىرىمىز) ، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز> دەيدۇ». [1]

بەندىنىڭ ئۆزى ، ئەھلى - بالىلىرى ۋە مال - دۇنياسى الله نىڭ مۈلكىدۇر. الله تعالى ئۇلارنى بەندىگە ئارىيەت قويىدى. ئارىيەت قويغۇچى ئارىيەت قويغان نەرسىسىنى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇممۇ سۇلەيم بىلەن ئۇنىڭ يولدىشى ئەبۇ تەلھە بۇ نوقتىنى ياخشى چۈشەنگەن ئىدى. ئەبۇ تەلھەنىڭ ئامراق ئوغلى ۋاپات بولغاندا ، ئۇممۇ سۇلەيم ئەبۇ تەلھەگە: «ئى ئەبۇ تەلھە ، بىر قەۋم بىر نەرسىنى بىر ئائىلىگە ئارىيەت بەرسە ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەۋم ئۇ نەرسىنى ھېلىقى ئائىلىدىن تەلەپ قىلسا ، توسۇش ھوقۇقى بولامدۇ ؟» دېدى. ئەبۇ تەلھە: «ياق ، بولمايدۇ» دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم: «ئۇنداق بولسا ئوغلۇڭ ۋاپات بولدى ، الله تىن ئەجرىڭنى كۈت» دېدى. [2]

## ئۈچىنچى ، سەۋر ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇكاپات ۋە ئەجرنى تونۇش.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿نِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ ۝ الَّذِينَ صَبَرُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ۝﴾ «ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن مۇكاپات نېمىدېگەن ياخشى! [58]. ئۇلار (ھىجرەت قىلىشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىگە ، الله نىڭ يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلىدۇ ، (ھەممە ئىشلىرىدا) پەرۋەردىگارىغا يۆلىنىدۇ [59]» . [3] ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاقىۋەتنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئويلاش

[1] سۈرە بەقەرە 156- ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] سۈرە ئەنكەبۇت 58- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 59- ئايەت.

سەۋر قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ». ①

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى دۇنيادا مۇسىبەت يەتكەن كىشىلەرگە ساۋاب بېرىلگەندە، مۇسىبەت يەتمەي ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر: ‹دۇنيادىكى چېغىمىزدا تېرىلىرىمىز قايچىلار بىلەن بولسىمۇ قىرقىلغان بولسىچۇ (يەنى قاتتىق ئازابقا قالغان بولساقچۇ)› دەپ ئارزۇ قىلىشىپ كېتىدۇ». ②

**تۆتىنچى، سەۋرنى نىيەت قىلىش.** ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشنى نىيەت قىلسا، الله تعالى ئۇ كىشىگە الله قا ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈن سەۋر ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ؛ كىمكى الله قا ئاسىي بولۇشتىن ئۆزىنى توختىتىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشنى نىيەت قىلسا، الله تعالى ئۇ كىشىگە الله قا ئاسىي بولۇشتىن ئۆزىنى توختىتىشى ئۈچۈن سەۋر بېرىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى الله قا ئاسىي بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ». ③

**بەشىنچى، چىقىش يولى تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىش.** الله تعالى ھەربىر قىيىنچىلىق بىلەن ئىككى ئاسانچىلىقنى بىرگە قىلدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا ۞ إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا ۞﴾ «ئەلۋەتتە ھەربىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار [5]. ئەلۋەتتە

① «مدارج السالكين» 2- توم 167- بەت.

② تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

③ «حلية الأولياء» 6- توم 163- بەت.

ھەربىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار [6]». ①

الله تعالى ياردەمنى ئىمتىھانىنىڭ ۋەزنىگە ئاساسەن چۈشۈرىدۇ ۋە ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاصْبِرْ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ وَلَا يَسْتَخِفَّنَّكَ الَّذِينَ لَا يُوقِنُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) (مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە) سەۋر قىلغىن، الله نىڭ (ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىش ۋە دىنىڭنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش) ۋەدىسى ھەققەتەن ھەقتۇر، (ئاخىرەتكە) ئىشەنمەيدىغانلار سېنى دىققەت قىلىپ قويمىسۇن». ② گەرچە كېچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ھامان تاڭ ئاتىدۇ.

تاڭ يورۇشى بەزىدە بولۇر قاتتىق ۋە قىيىن،
لېكىن قالدى كېچىڭىز يورۇماققا بەك يېقىن. ③

يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئىككى بالىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە سەۋر قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿فَصَبْرٌ جَمِيلٌ﴾ «مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن». ④ يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە نارازى ياكى بىئارام بولمىدى ۋە مۇنداق دېدى: ﴿عَسَى اللَّهُ أَنْ يَأْتِيَنِي بِهِمْ جَمِيعًا﴾ «ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈچ ئوغلۇمنىڭ) ھەممىسىنى ماڭا دەرقەمتە قىلىپ بېرىشنى الله تىن تىلەيمەن». ⑤ ئاندىن ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇسىنى الله قا شىكايەت قىلىپ

① سۈرە ئىنشىراھ 5-، 6- ئايەتلەر.
② سۈرە رۇم 60- ئايەت.
③ «روح المعاني» 13- توم 79- بەت.
④ سۈرە يۈسۈف 83- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ سۈرە يۈسۈف 83- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇنداق دېدى: ﴿إِنَّمَا أَشْكُو بَثِّي وَحُزْنِي إِلَى اللَّهِ﴾ «مەن قايغۇ - ھەسرىتىمنى پەقەت اللە قىلا ئېيتىمەن» .[1] يەئقۇب ئەلەيھسسالام مەخلۇقاتلارغا شىكايەت قىلمىغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن يەئقۇب ئەلەيھسسالامغا چىقىش يولى تېپىلدى ۋە باللىرى بىلەن جەم بولدى.

**ئالتىنچى، اللە تىن ياردەم تەلەپ قىلىش سەۋرگە ياردەم بېرىدىغان ئىشلار قاتارىدىندۇر.** اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلَّا بِاللَّهِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) (اللە نىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرىڭ پەقەت اللە نىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ».[2] ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت سەۋرگە پەقەت اللە نىڭ خالىشى، ياردىمى ۋە اللە بەرگەن كۈچ - قۇۋۋەت ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ».[3]

**يەتتىنچى، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.** اللە تعالى نىڭ ھۆكۈمىنىڭ جەزمەن ئىجرا بولىدىغانلىقىنى بىلىش ۋە اللە نىڭ قازا - قەدەرگە شەكسىز تەسلىم بولۇش سەۋرگە ياردەم بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر. اللە تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي أَنْفُسِكُمْ إِلَّا فِي كِتَابٍ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَبْرَأَهَا إِنَّ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرٌ﴾ «يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزۈڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ

[1] سۈرە يۈسۈف 86- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نەھل 127- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] «تفسير ابن كثير» 2-توم 781- بەت.

(ئىش)، شۇبھىسىزكى، الله قا ئاساندۇر».[1]

ھەقىقەتەن بەندە بىئارام بولۇش، ئالدىراش، زېرىكىش، شىكايەت قىلىش ۋە تەشۋىشلىنىش قاتارلىق روھىي ھالەتلەرنىڭ ئۆزىگە ھېچنەرسە بېرەلمەيدىغانلىقىنى ۋە يوقالغان نەرسىنىڭ ئورنىنى تولۇقلىيالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەقىللىق ئادەم مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتتا سەۋر بىلەن زىننەتلىنىدۇ. ئەكسىچە، ئەقىلسىز ئادەم بىئارام بولۇپ تەشۋىشلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆزىگە سەۋردىن باشقا چىقىش يولى تاپالمايدۇ. ئەگەر ئۇ باشتىلا سەۋر قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى.

**سەككىزىنچى، ئىمتىھان ۋە سىناقلارنىڭ قىيىن بولۇشى سىنالغۇچى بەندىنىڭ سالىھ بەندە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىش سەۋرگە ياردەم بېرىدىغان ئىشلار قاتارىدىندۇر.**

مۇسئەب ئىبنى سەئىد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: «قايسى كىشىلەرگە بالايى - ئاپەت بەك قاتتىق بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «پەيغەمبەرلەرگە، ئۇندىن كېيىن قالغانلار مەرتىۋىسى بويىچە بولىدۇ. كىشى ئىمانىغا لايىق دەرىجىدە سىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى كۈچلۈك بولسا، بالامۇ قاتتىق بولىدۇ؛ ئىمانى سۇس بولسا، بالامۇ يەڭگىل بولىدۇ. كىشىگە بالايى - قازا داۋاملىق كېلىۋېرىپ، ئاخىرى بالايى - ئاپەت ئۇ كىشىنى گۇناھسىز ھالەتكە كەلتۈرىدۇ» دېدى.[2]

---

[1] سۈرە ھەدىد 22- ئايەت.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**توققۇزىنچى، ئۆتمۈشتىكى سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش سەۋرگە ياردەم بېرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىندۇر.** مەسىلەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ئىنسانلارغا سەۋرنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆگىتىدىغان مەدرىستۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى خۇددى بىزگە ئوخشاش ئىنسانلاردىن ئىدى.

**نۇھ** ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى دەۋەت قىلغان 950 يىل جەريانىدىكى جىھاد ۋە دەۋەتنىڭ ئەزىيەتلىرىگە ۋە كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىرىگە قاتتىق سەۋر قىلىپ، ئۆزىنى ساراڭلىق ۋە ئازغۇنلۇق بىلەن تۆھمەت قىلغان كىشىلەرگە سەۋر ئارقىلىق تاقابىل تۇردى ۋە مۇنداق دېدى: ﴿لَئِنْ لَمْ تَنْتَهِ يَا نُوحُ لَتَكُونَنَّ مِنَ الْمَرْجُومِينَ﴾ «ئى نۇھ! ئەگەر سەن (پەيغەمبەرلىك دەۋەتىڭدىن) يانمىساڭ، سەن چوقۇم تاش - كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگۈچىلەردىن بولىسەن».[1]

**ئىبراھىم** ئەلەيھىسسالام ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن تەۋھىد ئەھلىلىرى قىلىدىغان سەۋرنى قىلدى. ئوتقا تاشلىنىدىغان ۋاقىتتا ئېيتقان ئاخىرقى سۆزى: «ماڭا الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېگەن سۆز بولدى.[2]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان ۋاقىتتا، بالىدىن ئايرىلىشنىڭ ئازابىغا سەۋر قىلدى ۋە الله نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن

[1] سۈرە شۇئەرا 116- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى يېنىچە ياتقۇزدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز ئايالى ۋە ئوغلىنى زىرائەت ئۈنمەيدىغان قاقاس زېمىنغا قويۇپ قۇيۇشقا بۇيرۇلدى، ئۇ ۋاقىتتا ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى كىچىك ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ سەۋر قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغان ھالەتتە ياشنىپ قالغان دەۋردە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سەۋر قىلىپ بالىسى ۋە ئايالىنى قويۇپ قويۇشقا بۇيرۇلغان يەردە قويۇپ قويدى. ئايالى ھاجەر ئانىمىز: «قەيەرگە بارىسەن؟ بىزنى ئىنسان ۋە باشقا نەرسىلەر بولمىغان بۇ قاقاس زېمىنغا تاشلاپ قويامسەن؟» دېدى ۋە بۇ سۆزنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ئانىمىزغا قاراپمۇ قويمىدى. ئاندىن ھاجەر ئانىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: «سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا الله بۇيرۇدىمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ھاجەر ئانىمىز: «ئۇنداقتا الله بىزنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى.[1]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شامغا قايتقاندىن كېيىن، الله تعالى ئۇنىڭغا سارە ئانىمىزدىن ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى رىزىق قىلىپ بەردى. الله تعالى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئانىسى ھاجەر ئانىمىزغا زەمزەمنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نېمەتلەرنى ئاتا قىلدى.

**مۇسا** ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىدىن ۋە پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن ئەزىيەت ۋە تەھدىتلەرگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلارنى ھەقكە دەۋەت قىلىش يولىدا ئۇچرىغان بۇ مۇشەققەتلەرگە تاكى الله تعالى پىرئەۋننى ھالاك

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

قىلغانغا قەدەر سەۋر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەزىيەتلىرىگە ئۇچرىدى ۋە ئۇنىڭغىمۇ سەۋر قىلدى.

پەيغەمبەر ﷺ گە ئەزىيەت بېرىلگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ﷺ قېرىندىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «الله مۇساغا رەھمەت قىلسۇن! ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەزىيەتلەر يەتكەندە ئۇ سەۋر قىلغان ئىدى».[1]

**ئىيسا** ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىل تەرىپىدىن تۆھمەت قىلىنىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈش ۋە دارغا ئېسىلىش قاتارلىق ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىدى ۋە الله ئۆز دەرگاھىغا كۆتۈرگەنگە قەدەر سەۋر قىلدى.

**پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى** بولغان مۇھەممەد ﷺ كۆپ ئەزىيەت ۋە خارلاشلارغا ئۇچرىغان ئىدى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ نى ساراڭ، سېھىرگەر، يالغانچى، خىيانەتچى دەپ ھاقارەتلىدى. راستچىل كىشىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولغان يالغانچىلىق بىلەن، ئەقىللىق كىشىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولغان ساراڭلىق بىلەن، ئىشەنچلىك كىشىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولغان خائىنلىق بىلەن ۋە مۇئمىن كىشىگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولغان شائىر ۋە سېھىرگەرلىك بىلەن تۆھمەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە، پەيغەمبەر ﷺ ئەخلاقلىق، راستچىل ۋە ئەقىللىق بولۇشتا ئەڭ مۇكەممەل ئىدى.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ گە ئەزىيەت بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ماڭىدىغان يوللارغا تىكەن قويۇشتى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلىپ، ئاخىرى مەككە شەھىرىدىن قوغلاپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

چىقاردى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يَمْكُرُ بِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى».[1]

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى ساھابىلىرىنى ئازابلىدى ۋە ئۆلتۈردى. پەيغەمبەر ﷺ گە ئەڭ ئېغىر كەلگىنى ساھابىلەرنىڭ خارلىنىشى ۋە كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈلۈشى ئىدى. ياسىر ئائىلىسىگە كەلگەن مۇسىبەتتىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ ياسىر ۋە سۇمەييەنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار، بارار جايىڭلار جەننەتتۇر» دېدى.[2]

پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مۇناپىقلار تەرىپىدىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولۇپ، بۇنىڭغا مۇناپىقلار مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسىغا (يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا) تۆھمەت قىلغاندىكى «بوھتان چاپلاش ۋەقەسى» يېتەرلىك.

پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىگە زەھەر سالغان يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىگە سەۋر قىلغان ئىدى. زەھەر سېلىش سۇيىقەستىدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ قىزىپ يېتىپ قالدى ۋە بۇ قىزىتما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپات بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

پەيغەمبەر ﷺ الله تعالى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتنى يەتكۈزۈپ، ئامانەتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۆز رەببى تەرىپىدىن ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر سەۋر قىلدى.

[1] سۇرە ئەنفال 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

شۇنىڭدەك، **پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن** بىلال، سۇمەييە، سۇھەيب، ئەممار، مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار تۈرلۈك ئازابلاشلارغا ئۇچرىدى ۋە ئۇ قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلدى.

**خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ** دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنىپ، تۇرمىگە تاشلانغان ۋاقتىتا مۇنداق دېگەن ئىدى:

پەقەت ئىمان بىلەن ئۆلسەم بولدى، يوقكى ھېچ پەرۋايىم،

شەھىد بولۇپ يىقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.[1]

تابىئىنلار ۋە تابىئىنلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھاياتىمۇ مۇشۇ خىل ھالەتتە داۋام قىلدى.

**ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير** تابىئىنلارنىڭ ياخشىلىرىدىن ۋە پەزىلەتلىكلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ مۇھەممەد ئىسىملىك چىرايلىق بىر ئوغلى بولۇپ، ئوغلى ئېسىل كىيىملىرى بىلەن (خەلىپە) ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ قېشىغا كىردى. ۋەلىد ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلماي، ئەكسىچە: «قۇرەيش يىگىتلىرى نېمىدېگەن قاملاشقان - ھە!» دېدى. مۇھەممەدكە كۆز تەگدى. مۇھەممەد ئىبنى ئۇرۋە سورۇندىن چىققاندىن كېيىن ئېھتىياتسىزلىقتىن چارۋا قوتىنىغا چۈشۈپ كەتتى ۋە چارۋىلار دەسسەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇرۋەنىڭ پۇتى قۇرتلاپ كەتتى. تېۋىپلار كېسەللىكنىڭ بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرىغا تارقاپ ئۇرۋەنى ھالاك قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، پۇتىنى ھەرە بىلەن كېسىش كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى. پۇتى كېسىلىپ ھەرە سۆڭەككە يەتكەن ۋاقىتتا، ئۇرۋە بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

كەلگەندە يۈزىدىن تەر ئېقىۋاتاتتى. ئۇ الله قا ھەمدىلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، كېسىلگەن پۇتنى قولغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مېنى ساڭا كۆتۈرگۈزگەن الله بىلەن قەسەمكى، الله مېنىڭ سەن بىلەن ھارامغا، گۇناھ - مەئسىيەتكە ۋە ئۆزى رازى بولمايدىغان ئىشلارغا ماڭمىغانلىقىمنى بىلىدۇ». ئاندىن ئۇ پۇتنى يۇيۇشقا، ئۇنىڭغا خۇشپۇراق ئىشلىتىشكە ۋە كېپەنلەپ قەبرىستانلىققا ئاپىرىشقا بۇيرۇدى.

ئۇرۋە پۇتى ئۈزۈلۈش ۋە بالىسى ۋاپات بولۇش قاتارلىق ئازابلارغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، سەپىرىدىن قايتقان ۋاقتىتا: «بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق»[①] دېدى. ئۇرۋەگە: «دەرد - ئەلەملەرنى ھېس قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئەقلنى يوقىتىدىغان بىر نەرسە ئىچۈرەيلىمۇ؟» دېيىلگەندە، ئۇرۋە: «الله پەقەت مېنىڭ سەۋرىمنى كۆرۈش ئۈچۈن مېنى سىنىدى»[②] دېدى.

**ئەھمەد ئىبنى نەسر ئەلخۇزائىي** سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن بولۇپ، ھەقنى سۆزلەيدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ كىشى قۇرئاننى «مەخلۇق» دېيىش پىتنىسىدە ئۇچرىغان مۇشەققەتلەر ئالدىدا ھەقتە مۇستەھكەم تۇردى. پىتنىچىلەر ئۇنى سامۇرانىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇ باغلاقلىق ھالەتتە ئولتۇردى ۋە قۇرئاننى «مەخلۇق» دېيىشكە مەجبۇرلانغاندا ئۇنداق دېيىشنى رەت قىلدى. نەتىجىدە، سامۇرا قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ باغدادنىڭ شەرق تەرىپىگە تىكلەپ قويدى. جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد سائىغ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەھمەد ئىبنى نەسر

---

[①] سۈرە كەھف 62- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] «صفة الصفوة» 2- توم 87- بەت.

ئەلخۇزائىينىڭ كاللىسى ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۆزۈلگەن بېشىنىڭ <لا إله إلا لله> دېگەنلىكىنى كۆردۈم». بۇ الله تعالى نىڭ ئەھمەد ئىبنى نەسر ئەلخۇزائىيغا بەرگەن كارامەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۇ كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەھمەد ئىبنى نەسر ئەلخۇزائي الله يولىدا ناھايىتى ئەستايىدىل ئىدى».[1]

**ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل** قۇرئاننى «مەخلۇق» دېيىش پىتنىسىدە ئۇچرىغان مۇشەققەتلەرگە قانداق سەۋر قىلدى؟

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە مۇھەممەد ئىبنى نۇھ ئىككىسى بىرلىكتە مەئمۇننىڭ قېشىغا ئېلىپ مېڭىلدى. الله تعالى مۇھەممەد ئىبنى نۇھنىڭ كېسەل بولۇشىنى تەقدىر قىلدى. مۇھەممەد ئىبنى نۇھ ئىمام ئەھمەدكە سەۋرنى ۋەسىيەت قىلىپ ۋاپات بولدى. ئىمام ئەھمەد باغلاقلىق ھالەتتە ئېلىپ مېڭىلدى. ئىمام ئەھمەد خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ يېنىغا بەزى كىشىلەر كەلدى ۋە «قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش» ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى ئەسلىتىپ، ئىنسان قاتتىقچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتا بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر ھەقنى يوشۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئىمام ئەھمەد ئۇلارغا: سىلەر خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىگە قانداق قارايسىلەر؟ خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا (مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇملىرى ئۈستىدىن) شىكايەت قىلىپ كەلدۇق ۋە <دۇئا قىلىپ بىزگە نۇسرەت تەلەپ قىلغان بولساڭ> دېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: <سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن بولغان

[1] «تاريخ بغداد» 5- توم 177- بەت.

مۇئمىنلەرنى (كاپىرلار) تۇتۇپ، يەرنى كولاپ شۇ ئورەككە تاشلايتتى. ئاندىن ھەرە ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىدىن ھەردەپ ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى، تۆمۈر تارغاق بىلەن گۆشى ئۇستىخىنىدىن تاراپ ئېلىناتتى. ئەنە شۇنداق ئازابلارمۇ ئۇ كىشىنى دىنىدىن قايتۇرالمايتتى<>». [1] شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قايتىپ كېتىشتى.

ئىمام ئەھمەد: «ئى الله، ماڭا مەئمۇننىڭ يۈزىنى كۆرسەتمىگىن!» دەپ دۇئا قىلدى. مەئمۇن ئىمام ئەھمەدنىڭ يېنىغا بېرىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەئمۇندىن كېيىنكى خەلىپە ھوقۇق يۈرگۈزدى. پىتنە ئىزچىل داۋاملاشتى. ئىمام ئەھمەدكە بەزى كىشىلەر: «الله سېنى قۇتقۇزسۇن. خەلىپە سېنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرمەيدۇ، بەلكى سېنى قاتتىق ئۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپ كېتىسەن» دېدى. ئىمام ئەھمەد يەنىلا يولىدىن قايتمىدى.

خەلىپە ئىمام ئەھمەدكە: «سالىھ راشىدىينى تونۇمسەن؟» دېدى. ئىمام ئەھمەد: «مەن ئۇ كىشى توغرۇلۇق ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى. خەلىپە: «سالىھ راشىدىي مېنى تەربىيىلىگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن قۇرئان كەرىم توغرۇلۇق سورىسام، ماڭا قارشى پىكىردە بولدى. مەن ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەسسىلىپ، سۆرىلىپ ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتى» دېدى.

ئۇلار ئىمام ئەھمەدنى باغلىدى ۋە جاللاتلار كېلىپ ھەربىرى ئىمام ئەھمەدنى ئىككى قامچىدىن ئۇردى. خەلىپە جاللاتلارغا قاراپ: «الله قولۇڭلارنى ئۈزۈۋەتسۇن، قاتتىق قول بولۇڭلار!» دېدى. جاللاتلار ئىمام

[1] بۇخارىي رىۋايىتى.

ئەھمەدنى تېخىمۇ قىيناش ئۈچۈن ئارقىمۇ - ئارقا ئازابلىدى. ئاندىن خەلىپە ئۇنىڭغا: «نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىسەن؟ مەن ساڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتىمەن» دېدى. ئىمام ئەھمەدنىڭ بېشىدا تۇرغان كىشى قىلىچ بىلەن ئۇنى نوقۇپ مۇنداق دېدى: «ۋاي ئىسىت ساڭا! ئەگەر مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلساڭ، ساڭا چىقىش يولى بېرىپ، سېنى قويۇۋېتىمەن» دېدى. ئىمام ئەھمەد: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ماڭا اللّٰه نىڭ كىتابىدىن ۋە پەيغەمبەر ﷺ سۈننىتىدىن سۆزۈڭگە دەلىل بولىدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرسەتكىن!» دېدى. جاللاتلار كېلىپ ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۇلار شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، ھەتتا ئۇ ھوشىدىن كەتتى. ئىمام ئەھمەد قوللىرىدا كىشەن بار ھالەتتە ھوشىغا كەلدى. بىرى ئۇنىڭغا: «بىز سېنى دۈم ياتقۇزۇپ، ئۈستۈڭگە بورىنى تاشلاپ دەسسىدۇق» دېدى. ئىمام ئەھمەد ئۇ ئىشلارنى سەزمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاخىرى، ئىمام ئەھمەد تۈرمىگە قامىلىپ 28 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى.

سەلەفلەردىن بىرى ئىمام ئەھمەد توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «خۇددى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئىمام ئەھمەدمۇ اللّٰه يولىدا خار بولغان ۋە ھاياتىنى اللّٰه يولىدا سەرپ قىلغان كىشى ئىدى. ئەگەر ئىمام ئەھمەد بولمىغان بولسا، ئىسلام دىنى كېتىپ قالغان بولاتتى».[1]

يۇقىرىقىلار ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تارىخى بولۇپ، ئىنسان مۇشەققەتلەرگە ئۇچرىغاندا بۇلارنى ئەسلىسە، بۇ تارىخلار كىشىلەرنىڭ سەۋر قىلىشىغا، ئەزىيەتلەرنى كۆتۈرۈشكە ۋە ئازابلانماسلىقىغا ياردەم بېرىدۇ.

[1] «حلية الأولياء» 9- توم 171- بەتتىن 203- بەتكىچە.

# سەۋرگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار

ھەرقانداق بىر ياخشى ئىشنى قىلىش يولىدا بۇ ئىشنى قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئوخشىمايدىغان ئامىللار مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ئامىللار مۇئمىن بەندىنىڭ ئۇ ئىشنى مۇكەممەل قىلىشىغا ۋە ئۇ ئىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، سەۋر قىلىش يولىدىمۇ ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان بەزى ئامىللار بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر ئۇ ئامىللارنىڭ مۇھىملىرىدۇر.

**بىرىنچى، ئالدىراڭغۇلۇق**. ئىنسان تەبىئىتى ئالدىراڭغۇدۇر. چۈنكى الله تعالى ئىنساننى مۇشۇ خىل خاراكتېردە ياراتقان. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُلِقَ الْإِنْسَانُ مِنْ عَجَلٍ﴾ «ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان».①

نەتىجىسىنى مۇئەييەن ۋاقىتتىن كېيىن كۆرىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئىنسان شۇ نەتىجىنى كۆرگەنگە قەدەر ئېغىر - بېسىق ۋە سەۋرچان بولۇشى زۆرۈر. الله تعالى ئەلچىسى مۇھەممەد ﷺ نى سەۋر قىلىشقا، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىققا ۋە ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردىن ئۈلگە ئېلىشقا بۇيرۇدى. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُولُو الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِلْ لَهُمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن».② دەۋەتچىلەر پىشىش ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ئۈزۈشكە ئالدىراپ، مېۋىلەرنىڭ تولۇق پىشىشى ئۈچۈن مۆھلەت بەرمىگەچكە، باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ

① سۈرە ئەنبىيا 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەھقاف 35- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بېرىلگەن دەۋەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

**ئىككىنچى، غەزەپلىنىش.** بۇمۇ سەۋر قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، اللە تائالا ئەلچىسى مۇھەممەد ﷺ نى غەزەپلىنىشتىن ئاگاھلاندۇردى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تَكُنْ كَصَاحِبِ الْحُوتِ إِذْ نَادَى وَهُوَ مَكْظُومٌ﴾ «پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكۈمىگە سەۋر قىلغىن، (ئالدىراڭغۇلۇقتا، زېرىككەكلىكتە) بېلىقنىڭ ساھىبىگە (يەنى يۇنۇسقا) ئوخشاش بولمىغىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ) غەمكىن ھالدا پەرۋەردىگارىغا ئىلتىجا قىلدى».①

**ئۈچىنچى، ئۈمىدسىزلىنىش.** ئۈمىدسىزلىنىش سەۋر قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنىڭ مۇھىملىرىدىندۇر. شۇڭا يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بالىلىرىنى ئۈمىدسىزلىنىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. اللە تائالا يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: ﴿يَا بَنِيَّ اذْهَبُوا فَتَحَسَّسُوا مِنْ يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلَا تَيْأَسُوا مِنْ رَوْحِ اللَّهِ﴾ «ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، اللە نىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار».②

سەۋر ئۈمىدسىزلىكنىڭ دورىسى بولغان ئارزۇ شامىنى يورۇتىدۇ. اللە تائالى ئۆزىنىڭ يولىدا ئۇچرىغان مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغان كىشىلەرنى زىيان تارتقۇزمايدۇ ۋە ئۇلارنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. مۇئەييەن مۇددەتتىن كېيىن بولسىمۇ ئۇلارغا چىقىش يولى بېرىدۇ.

① سۈرە قەلەم 48- ئايەت.

② سۈرە يۇسۇف 87- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# خاتىمە

مۇھەممەد ﷺ بىزگە سەۋر قىلىشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋاستىسى ئىكەنلىكىدىن تەلىم بەردى. ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا (تائەت - ئىبادەتتە) چىڭ تۇرۇش ئالقاندا چوغنى تۇتۇپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ. ئۇ زاماندا بىر ئەمەلنى قىلغان كىشى سىلەردىن شۇ ئەمەلنى قىلغان 50 كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ».[1] پەيغەمبەر ﷺ «(تائەت - ئىبادەتتە) چىڭ تۇرغان زامان (يەنى سەۋر كۈنلىرى)» دېگەن ئىباردە يالقۇنجىغان شەھۋەتلەر ۋە كۈچلۈك شۈبھىلەر بولغان ئىمتىھان كۈنلىرىنى مەقسەت قىلدى. ئۇ كۈنلەردە دىنىدا سەۋر قىلغان كىشى خۇددى ئالقىنىدا چوغنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ كىشى شۈبھىلەر سەۋەبىدىن تەۋرەپ قالمايدۇ، شەھۋەتلەرگە بويسۇنمايدۇ ۋە ھەرقانداق ئازاب - ئوقۇبەت كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز دىنىدىن يېنىپ كەتمەيدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كۈنلەرنى سەۋر كۈنلىرى دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇ كۈنلەردە سەۋردىن باشقا نەرسە ئەسقاتمايدۇ ۋە مۇسۇلمانغا سەۋر قىلىشتىن باشقا چىقىش يولى بولمايدۇ.

سەۋر قىلىش زامانى بۇ، كۆرمەسكە سال مۇشەققەتنى،
الله ئۈچۈن سەۋر قىلغىن، لازىم تۇتقىن ھەم شەپقەتنى.[2]

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

[2] «نشر طي التعريف» ناملىق كىتاب 87- بەت.

سەلەف سالىھلەر سەۋرنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن ۋە كىشىلەرنى بالا - مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىغان ئىدى.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەر سەۋر قىلىشقا ئادەتلىنىڭلار. چۈنكى، قىسقا ۋاقىتلاردىن كېيىن سىلەرگە بالا - مۇسىبەت چۈشۈشى مۇمكىن».①

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «تەييارلىق قىلمىغان كىشى كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۈچۈن سەۋر قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قالىدۇ».②

كۆندۈرىمىز سەۋر ئۈچۈن قەلبىمىزنى، نەپسىمىزنى،
لايىق بولۇر رازىلىقىمۇ كەلگەن بالا - قازالارغا.③

ھەق ھىدايەت بايرىقىدا سەۋر بىلەن مۇستەھكەم تۇر،
ئىنسان ئۈچۈن پەقەت سەۋر تەييارلىقىنىڭ پۇختىسىدۇر.④

بۇرۇن ئۆتكەن سالىھ كىشىلەر ئوغۇللىرىغا سەۋر قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولۇپ، تۆۋەندىكىسى لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆز بالىسىغا قىلغان الله يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيىتىدۇر. ﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان

① «شعب الإيمان» ناملىق كىتاب 9720- بەت.
② «مصنف ابن أبي شيبة» ناملىق كىتاب 34596- بەت.
③ «تبيين كذب المفترى» ناملىق كىتاب 291- بەت.
④ «نونية القحطني» ناملىق كىتاب 39- بەت.

بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر».①

دەۋرىمىزدە دۈشمەنلەر بىزگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى؛ ئىمان ئەھلى ۋە تەقۋادار كىشىلەر بوزەك قىلىندى؛ كاپىر - دەھرىيلەر ئىش ئۈستىگە چىقىۋالدى؛ ئىنتېرنېت تورلىرى ۋە سۈنئىي ھەمراھ قاناللىرى ئارقىلىق بۇزۇقچىلىق تارقالدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا، بىزگە پەقەت الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش (يەنى الله تائالانىڭ ھەربىر بۇيرۇقلىرى ۋە الله رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش يولىدا سەۋر قىلىش)، الله قا ئاسىي بولماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش (يەنى الله نىڭ ھەربىر چەكلىمىلىرىدىن ساقلىنىش ۋە الله رازىلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى تەرك ئېتىش يولىدا سەۋر قىلىش) ۋە مۇسىبەت، قازا - قەدەرگە سەۋر قىلىشتىن باشقا چىقىش يولى يوق.

ئى ئىرادىسى ئاجىز كىشى! ھايات يولى بەك ئۇزۇن. بۇ يولدا ئادەم ئەلەيھىسسالام ھېرىپ - چارچىغان، نۇھ ئەلەيھىسسالام كۈرەش قىلغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان، ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام بوغۇزلىنىش ئۈچۈن ياتقۇزۇلغان، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەرىلەنگەن، يەھيا ئەلەيھىسسالام قورغانغا سولىنىپ بوغۇزلانغان، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان. شۇنداقلا، الله نىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ سېھرگەرلىك ۋە جىنكەشلىك تۆھمەتلىرى بىلەن تۆھمەت قىلىنغان، ئوتتۇرا چىشى سۇندۇرۇلغان ۋە

① سۈرە لوقمان 17- ئايەت.

بېشى يېرىلغان؛ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەنجەر سانجىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئىبنى مۇسەيىەب ۋە مالىكلارمۇ مۇشەققەت تارتقان ئىدى. مۇشەققەتلەر ئۈچۈن سەۋردىن باشقا چىقىش يولى يوق.

قانچىلىك ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەۋر قىلىش سەۋر قىلماسلىقتىن ئاساندۇر. چۈنكى الله ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلىش جەھەننەمنىڭ ئازابىغا سەۋر قىلىشتىن ئاسان ھەمدە الله قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش جازالىنىپ زەنجىر - كىشەنلەرگە سەۋر قىلىشتىن ئاساندۇر. سەۋرنىڭ مەرتىۋىسى نېمىدېگەن كاتتا، سەۋر قىلغۇچىنىڭ ئەخلاقى نېمىدېگەن گۈزەل، سەۋر قىلغۇچىلار نېمىدېگەن ياخشى كىشىلەر - ھە!

ئى الله، بىزنى سەۋرنىڭ ئىشكىنى ئاچىدىغان، ئازاب خەندەكلىرىنى تىندۇرىدىغان، مۇشەققەت ۋە كۆڭۈل - خاھىشنىڭ كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن! ئى الله، بىزنى ھىدايەت بەلگىلىرى ھىدايەتكە ئىشارەت قىلغان، نىجاتلىق يولى روشەن بولغان ۋە پاك ئىخلاس يولىدا ماڭغان كىشىلەردىن قىلغىن!

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين.

وصلى الله على نبينا محمد وعلى آله وصحبه وسلم.

«ئى مۇئمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە
سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە
زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا
تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن اللە تىن قورقۇڭلار
(يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)».

سۈرە ئال ئىمران 200 ـ ئايەت.